3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

شىنجاڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى:

# شىنجاڭنىڭ پاختىسى ئاپئاق، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشقا بولمايدۇ

يېقىندا H&M «شىنجاڭ پاختىسىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش» توغرىسىدا جار سېلىپ، جۇڭگولۇق تورداشلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، شىنجاڭدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دېگەن بىمەنە سەپسەتە ئايرىم باشقىچە غەرەزدىكى ئاتالمىش ئالىملار ۋە ئاپپاراتلار قەستەن ئويدۇرۇپ چىققان ۋە تارقاتقان ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىق. بىر قىسىم چەت ئەل كارخانىلىرى قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، قىسمەن غەرب تاراتقۇلىرى پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئۈزۈلۈكسىز پىتنە ـ ئىغۋا توقۇپ، قارا چاپلىدى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك رەزىل غەرىزىنى بىز كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز!

كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ ۋە ھاۋا قۇرغاق، يامغۇر ئاز بولۇشتەك ياخشى ئۆسۈش شارائىتى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ پاختىسى ئىنتايىن ئەلا سۈپەتلىك، غوزىسى چوڭ، تالاسى ئۇزۇن، رەڭگى ئاق. شىنجاڭدا تۇغۇلغان بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا كېۋەزلىكنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان. ئۇ چاغلاردا، پاختا تېرىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئەمگەكنىڭ ئەھمىيىتى، ھوسۇلنىڭ بەختىنى ھېس قىلاتتى، كېۋەزلىككە بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىز يۈكلەنگەن، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىمىز يۈكلەنگەن. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، بىز داشۆ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدۇق، يۇرتىمىزنىڭ تۇپرىقىغا قايتا كەلگىنىمىزدە، كېۋەزلىكنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگەرگەنىدى: كەڭ كەتكەن كېۋەزلىكتە زامانىۋى ماشىنىلار گۈرۈلدەپ ئۈتۈشۈپ، ئورۇق سېلىش، ھاشارات يوقىتىشتىن تارتىپ ھوسۇل ئېلىشقىچە ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ئادەمسىز ماشىنا مەشغۇلاتى ئىشقا ئاشۇرۇلغانىدى. بىز بۇلۇتتەك پاختا يوتقان ئىچىدە ياتقىنىمىزدا، خۇشال، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا باشقىلارغا مۇشۇنداق مەنزىرىنى بايان قىلغىنىمىزدا، شىنجاڭ كېۋەزلىكىدىكى ئالاھىدە ئاقلىق شىنجاڭدىكى بارلىق ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئىپتىخارغا ئايلانغانىدى.

بىز يۇرتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە بىرلىكتە گۇۋاھ بولدۇق، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى، ھەممە كەنتتە يەسلى، داۋالاش ئۆيى، مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، كەرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولى بارغانسېرى كېڭەيدى، ھەمىيىنى بارغانسېرى تومپايدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، ئىنتىپاق، ئىناق، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولدى. ساۋاقداش گۈزەلنۇر مىجىت مۇنداق دېدى: «مۇشۇ يىللاردا، بىز يۇرتىمىزدا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە بىرلىكتە گۇۋاھ بولدۇق، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، سەپەر قىلىش شارائىتىمىز ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، ئائىلىمىزدىكىلەر ئەمدى كېسەل كۆرسىتىشكە پۇلى بولماسلىق ۋە بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتالماسلىقتىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى.» ساۋاقداش ئېلزات تۇرغۇن مۇنداق دېدى: «مەن ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، نۇرغۇن يېزا ئائىلىلىرىنىڭ بىخەتەر، ئازادە ئۆي سالغانلىقىنى كۆردۈم، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى كىچىك ھەمراھلىرىم ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىدى، بوشاشماي تىرىشىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۆلىشى ئارقىلىق، كىرىم سەۋىيەسى تەدرىجىي ھالدا نىسپىي بېيىش دەرىجىسىگە يەتتى».

ھازىرقى شىنجاڭدا گۈزەل مەنزىرىلەر بار بولۇپلا قالماي، يەنە زامانىۋى ئەسلىھەلەر بار، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك، خاتىرجەم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتالمىش شىنجاڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى»دىن ئىبارەت يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە.

شىنجاڭنىڭ پاختىسى ئاپئاق، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ. بىر قىسىم چەت ئەل كارخانا ئاپپاراتلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى توسۇشىغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرىگە قارا چاپلىشىغا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز، بىزنىڭ ئەسلىدىنلا ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىمىزنى قوغداشقا جاسارىتىمىز بار، ئىقتىدارىمىزمۇ بار. شىنجاڭ قىلغان بارلىق ئىشتا سەممىي، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولدى، دۇنيا ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا كاشىلا قىلالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست ۋە قىلمىش ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز بېشىغا چىقىدۇ!

شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى:

# يالغان ـ ياۋىداق سۆز ھامان ئېچىپ تاشلىنىدۇ

يېقىندا H&M قاتارلىق چەت ئەل ماركىسىدىكى بىر قىسىم شىركەتلەر ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نى باھانە قىلىپ، «شىنجاڭ پاختىسىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش» توغرىسىدا جار سالدى، بۇ ئىش ھەقىقەتەن كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ! شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز جەزمەن ھەقىقىي ئەھۋال ۋە يۈرەك سادايىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزىگە رەددىيە بېرىمىز.

شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى يۇقىرى دەرىجىدە ماشىنىلاشقان، پاختا تېرىش پەسلىدىمۇ زور مىقداردىكى پاختا تەرگۈچىلەرگە ئېھتىياج چۈشمەيدۇ؛ پاختا تېرىشتا ئادەم كۈچىگە ئېھتىياجلىق بولغان جايلاردىمۇ، پاختا تەرگۈچىلەر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملار بويىچە، ئادىل، ئىختىيارلىقتا بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، تېگىشلىك ھەققە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار پاختا تېرىش ئورنىنىمۇ پۈتۈنلەي ئەركىن تاللايدۇ. ئىگىلىنىشىچە، 50 كۈنگە يېقىن پاختا تېرىش پەسلىدە، پاختا تەرگۈچىلەرنىڭ ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ يۈەندىن كۆپ پۇل تاپالايدۇ. ئۇلار ئەمگەككە تايىنىپ پۇل تېپىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى، شۇنى سوراپ باقساق، بۇ قانداقمۇ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بولسۇن؟

ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ بىمەنە سەپسەتىلىرى ۋە H&M، نىڭ قاتارلىق چەت ئەل ماركىسىدىكى كارخانىلارنىڭ بىمەنە قىلمىشلىرىغا قارىتا، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدىكى ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەزىپى تېشىپ، بەس ـ بەستە پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سەپسەتىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئەيىبلىدى. فوكاڭ شەھىرىدىن كەلگەن ساۋاقداش ۋاڭ ۋېيبىن مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئاتا ـ ئانام 100 مودىن ئارتۇق كېۋەزلىكنى ھۆددىگە ئالغان. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، بىزنىڭ ئۆيدە پاختا تەرگۈچىلەر ئىشلىگەنىدى، بىز ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماققا ئىگە بولغادىن باشقا، يەنە كېلىپ ـ كېتىش كىرا ھەققىنى ئاتچوت قىلىپ بېرەتتۇق. مەن تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتا چىققاندا، ئائىلىمىز پاختا يىغىش ماشىنىسى بىلەن پاختا يىغىشقا باشلىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاساسەن ھەممە ئائىلىلەر دېگۈدەك پاختا يىغىش ماشىنىسى بىلەن پاختا يىغىدىغان، ئادەم كۈچىگە تايىنىپ پاختا تەرمەيدىغان بولدى.» ئائىلىسى چەرچەن ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق ساۋاقداش خېلىل تۇرسۇن مۇنداق دېدى: «ئائىلىمىز ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كېۋەز تېرىپ كەلگەن، ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، پاختىنى ئۆزىمىز يىغاتتۇق. كىچىكىمدىن تارتىپ چوڭ بولغۇچە، مەن ئەزەلدىن قانداقتۇر ‹مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش› دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئەكسىچە، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسلىدە، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغان نامرات ئائىلىلەرگە ياردەملىشىپ ئېتىزلىقتىكى پاختىلىرىنى ھەقسىز تېرىشىپ بېرەتتى».

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خاتىرجەم ياشىماقتا، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىمەكتە. بىز ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەردىن شۇنى سوراپ باقماقچىمىزكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئەمگەك قىلىپ، گۈزەل بەختلىك تۇرمۇشنى يارىتىشى خاتامۇ؟ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ دۇنيا بويىچە ئالىي دەرىجىلىك پاختىنى تېرىپ چىقىپ، پۈتۈن دۇنيانى تەمىنلىشى خاتامۇ؟ سىلەرنىڭ بىزنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئەمگەك قىلىپ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشىمىزغا كەلسە ـ كەلمەس بىلجىرلاشقا، بىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا ئاساسسىز بوھتان چاپلاشقا ۋە قارا چاپلاشقا نېمە سالاھىيىتىڭلار بار؟ سىلەر كېلىپ ھەقىقىي شىنجاڭنى كۆرۈپ باقساڭلار، كېۋەزلىكتىكى بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئالدىراش يۈرگەن سىمالارنى كۆرۈپ باقساڭلار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ مول ھوسۇلدىن جىلۋىلەنگەن بەخت كۈلكىسىنى كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ!

بۇ يەردە، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى پۈتۈن مەكتەپتىكى ياش ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن باشقىچە غەرىزى بارلارنى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇردۇ: شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ ئىشلەپچىقارغان، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ بىزنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇش يارىتالىغانلىقىمىزنىڭ كارتىنىسى، سىلەرنىڭ قالايمىقان بىلجىرلىشىڭلار بىزنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئىشەنچىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### كەسپلەرنى توپلاش   چىنار دەرىخى تىكىپ سۇمۇرغنى جەلپ قىلىش

يىپ ئېگىرىش سېخىدا، 2.4 مېتىر ئېگىزلىكتىكى غايەت زور يىپ غالتىكى 10 مىڭ تالدىن ئارتۇق يىپنى ئوراپ ئاستا ـ ئاستا ئايلىنىۋاتاتتى، پاختا يىپ ئەۋرىشىم، سۈركىلىشكە چىداملىق شىرىلىك يىپقا ئايلاندى؛ رەخت توقۇش سېخىدا، يىپ غالتىكىدىكى يىپ توقۇش ماشىنىسىغا ئەگىشىپ تېز سۈرئەتتە تەۋرىنىپ، ئاپئاق ھەم تەكشى رەخت ھاسىل بولدى... 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مۇخبىرلار شايار ناھىيەسىنىڭ ئايلانما ئىقتىساد سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان ئاقسۇ جىڭلۇن ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسىنى كۆردى.

گۈرۈلدىگەن ماشىنا ئاۋازىدا، ئەنۋەر تۈنىياز بىرەر يىپنىڭ «سېپتىن چۈشۈپ قېلىشى»دىن ئەنسىرەپ، تارام ـ تارام يىپلارغا ۋە سۈرئەتنى تېزلىتىش، ئاستىلىتىش، كېڭەيتىپ يىغىۋېلىش، سولغا يۆتكەش، ئوڭغا يۆتكەش قاتارلىق كۇنۇپكىلارغا چىڭ قادىلىپ تۇراتتى. كىچىك ۋاقتىدا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ يۇرتى شايار ناھىيەسىنىڭ تويبولدى بازىرىدا كېۋەز تېرىغاندا، پاختىنى پاختا زاۋۇتىغا ئاپىرىپ ساتسا قانداق نەرسىگە ئايلىنىدىغانلىقى، پاختا رەختنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

شايار ناھىيەسى مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ھەر يىلى 2 مىليون موغا يېقىن يەرگە كېۋەز تېرىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە قويغاچقا، شايار ناھىيەسىنىڭ ئايلانما ئىقتىساد سانائەت باغچە رايونىدىكى توقۇمىچىلىق كەسپى بۆلىكى ئۈزلۈكسىز زورايدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 500 مىڭ مولۇق يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرىنىڭ شاياردا يولغا قويۇلۇشى ئەلا سۈپەتلىك پاختا بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى كېڭەيتىپ، ئوندىن ئارتۇق توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، باغچە رايونىدا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش كۆلىمى شەكىللەندى.

كېۋەزلىكلەر تارىم دەرياسى ۋە ئۆگەن دەرياسىنى بويلاپ يىراققا سوزۇلغان بولۇپ، پەقەت ئاقسۇ ۋىلايىتىدىلا 7 مىليون مودىن ئارتۇق كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى بار. قانداق قىلغاندا يۇقىرى قىممەتتىكى كەسپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، شۇ جاي ھەر يىلى ئىشلەپچىقارغان 1 مىليون توننىدىن ئارتۇق ساپ پاختىنى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىنىڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ ئاقسۇ ۋىلايىتى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، «بىر شەھەر، تۆت باغچە»، يەنى ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائەت شەھەرچىسى، كۇچا شەھىرى، شايار ناھىيەسى، توقسۇ ناھىيەسى، ئاۋات ناھىيەسى توقۇمىچىلىق سانائەت باغچە رايونىنى قۇردى. شەرقىي جەنۇبتىكى دېڭىز بويى رايونىدىكى بىر قىسىم توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سىياسەت، بايلىق، قاتناش، رايون ئورنى ھەم تەننەرخ ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، بەس ـ بەستە بۇ يەرگە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ، ئىگىلىكىنى گۈللەندۈردى.

«ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ‹بىر شەھەر، تۆت باغچە› يىپ ئېگىرىش، بوياقچىلىق، رەخت توقۇش، ئائىلە توقۇمىچىلىقى، كىيىم ـ كېچەكتىن ئىبارەت پۈتۈن كەسپ زەنجىرى بەرپا قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ 10 مىليارد يۈەنلىك كۆلەمگە ئىگە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپلەر توپىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى چېن خەيتاۋ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپى بويىچە پۈتۈن كەسپ زەنجىرى بەرپا قىلىشى شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ بىر ئىخچام كۆرۈنۈشى. بۇ بىرقانچە يىلدا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق كەسپى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا پۇختا قەدەم تاشلىدى.

### پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇش   بازار ئېچىپ سۈپەتلىك ماركا يارىتىش

«نۆۋەتتە، شىركىتىمىزنىڭ گاز ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 13 مىڭ توننىغا، رەخت توقۇش يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 20 مىليون مېترغا يەتتى. كېيىنكى قەدەمدە، بىز گاز پۈركۈپ توقۇش ماشىنىسىدىن 600نى سېتىۋېلىپ ھەم كۈچنى ئاشۇرۇپ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 100 مىڭ ئۇرچۇققا يېتىدىغان ئايلانما ئۇرچۇقلۇق توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى ئىشقا كىرىشتۈرىمىز» دېدى شىنجاڭ خۇۋلى توقۇمىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ياڭ گودۇڭ.

شىنجاڭ خۇۋلى توقۇمىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك كۇچا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، شىركەتنىڭ باش مۇدىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى جېجياڭدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئىگىلىك تىكلەپ، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەدەممۇ قەدەم پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسىنى زورايتىپ، چىگىتلىك پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سېتىشتىن پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشقىچە بولغان پۈتۈن كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەن. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە گېرمانىيەدىن بىر ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كىرگۈزۈپ، پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئەسلىدىكى ھەر ئايدىكى 500 توننىدىن ئاشۇرۇپ 1200 توننىغا يەتكۈزگەن.

مۇخبىر بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىلگىركى نامرات ئاھالە رېمونت ئىشچىسى ئوسمان باراتنىڭ ھەربىر ئۆسكۈنىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ شاگىرتى ئالىم سىيىت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئۇستام دائىم ماڭا شىركەت بارغانسېرى زورىيىۋاتىدۇ، بىزمۇ پۈرسەتنى قەدىرلەپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك، شىركەت ياخشى بولسا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ، دەيدۇ».

كۇچا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دەرىجىسى ئۆسۈپ دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بولغاندىن كېيىن، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى تەرەققىياتى تېز يولغا كىردى. بۇ تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈ خۇڭبىي مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۇچا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك پۈتۈن كەسپ زەنجىرىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ۋە ياخشى بازار رىقابەت كۈچىگە ئىگە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپلەر توپىنى شەكىللەندۈردى. كېيىنكى قەدەمدە، تەرەققىيات رايونى ئېچكىرى رايونلارنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ يۆتكىلىشىنى قوبۇل قىلىدىغان ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپلەر بازىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

كۇچا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا، ھەم «شۇ يىلى پىلانلاپ، شۇ يىلى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، شۇ يىلى قۇرۇپ، شۇ يىلى ماكانلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن» چوڭ تىپتىكى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلغان توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھەم بۇ بىرنەچچە يىلدا يەرلىكتىكى ئائىلىۋى ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدىن تەرەققىي قىلغان كىيىم ـ كېچەك، ئائىلىۋى توقۇمىچىلىق، ئىلمە توقۇمىچىلىق قاتارلىق كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. «شىركىتىمىز قۇرۇلغىنىغا ئالتە يىل بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى خەلق ئارىسىدىكى تىككۈچىلەر ئىدى.» كۇچادىكى ئېھتىياج كىيىم ـ كېچەك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى نۇرئەلى ئابلا مۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى يۆلەيدىغان تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرى بولغاچقا، بۇنىڭغا باغچە رايونىنىڭ تۈرلۈك ئەلا مۇلازىمىتى ھەم ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش شارائىتى قوشۇلغاچقا، بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىشقا ئىشەنچىمىز بار».

ھەربىر توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچە رايونىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر شانلىق ئىگىلىك تىكلەش تارىخى بار؛ ھەربىر توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ كۈرەش قىلغان ئىزناسى بار؛ توقۇمىچىلىق كەسپىگە ئۆزىنى ئاتىغان ھەربىر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزگىچە كىشىلىك ھايات ھېكايىسى بار... «جۇڭگونىڭ پاختا شەھىرى» دەپ ئاتالغان ئاۋات ناھىيەسىدە، شىنجاڭ لۈتەي مول ھوسۇل پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە 2003 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىركەت ۋۇشۇسكا ئېپىس قۇرۇلغاندىن تارتىپ، بۈگۈنكى كۈندە يىپ ئېگىرىش كۆلىمى 200 مىڭ ئۇرچۇقتىن ئارتۇققا يېتىپ، يىلىغا 80 تالدىن ئارتۇق ئىنچىكە تارالغان يىپتىن 10 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىدىغان بولغانغا قەدەر باشتىن كەچۈرگەن ھەربىر شانلىق پەيت خاتىرىلەنگەن.

### كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش   ئاممىغا بەخت يارىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئەگەر توقۇمىچىلىق سانائەت باغچە رايونىنى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى توپلاشقان يۈرەك دېسەك، ئۇنداقتا كەنت قۇرغان زاۋۇتلارنى توقۇمىچىلىق كەسپى دېھقانلارنىڭ ئىشكى ئالدىغىچە ئۇزارغان قىلدام قان تومۇرلار دېيىشكە بولىدۇ، بۇ يەر ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئېھتىياجلىق يېزا ئاياللىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى قاندۇردى.

شايار ناھىيەسىنىڭ نۇرباغ يېزىسى جېنشىڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرنىساگۈل ھەسەن ئىشكى ئالدىدىلا خىزمەت تاپالايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. 2018 ـ يىلى، شايار ناھىيەسى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق شېنياڭدىكى بىر شىركەتنى كىرگۈزۈپ، نۇرباغ يېزىسىنىڭ كەنت قۇرغان زاۋۇتىدا ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قۇرۇپ، جېنشىڭ كەنتى ھەم ئەتراپتىكى كەنتتىن 100دىن ئارتۇق يېزا ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جياشىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى ‹100 كەنت 1000 زاۋۇت› بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى كۈچ ئۇلاپ يولغا قويۇپ، شايار ناھىيەسىدىكى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرى ۋە ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ، كەلگەن ماتېرىيال زاكازلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ كەنت قۇرغان زاۋۇتقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى» دېدى جياشىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى پىلانلاش قۇرۇلۇشى ۋە كەسپ تەرەققىيات گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لياۋ چاۋ.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىق بىر قىسىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي رايونلىرىدا توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىنى تەرەققىيات سۇپىسى بىلەن تەمىنلىدى. توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش جەريانىدا، يېزىلاردىكى بارغانسېرى كۆپ ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش سۇپىسى بىلەن تەمىنلەپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ھەمتۈرتكە بولىدىغان، كارخانا باش ئىشتابى بىلەن كەنت قۇرغان زاۋۇت بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ياخشى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

«خىزمىتىم مۇقىم، ھەر ئايدا 4000 يۈەن ئەتراپىدا مائاش ئالىمەن، پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش قىياپىتى ئۆزگەردى.» پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ سانائەت باغچە رايونىدىكى بىر كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان نۇرئەمەت ئادىل: «ھازىر، مەن تېخى گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇم!» دېدى.

خاس، ئەۋزەل كەسپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىشنى كۆزلەپ، ھەرقايسى جايلار توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ پۈتۈن كەسپ زەنجىرىنى بەس ـ بەستە بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، نۆۋەتتە، كورلا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك شەھەرچىسىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، خام ئەشيادىن تارتىپ توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، تەييار كىيىمگىچە بولغان تولۇق كەسپ زەنجىرى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ يۇقىرى سۈپەتلىك يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق ئەشيا ئوبوروتى يىغىش ـ تارقىتىش ئورنى ۋە سودا مەركىزىگە ئايلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.